
# 2 تەرەتنىڭ، تەيەممۇمنىڭ ۋە غۇسلىنىڭ سۈپىتى توغرىسىدا.

## تەرەتنىڭ سۈپەتلىرى.


1 دىلى بىلەن تەرەت ئېلىشنى مەقسەت قىلىپ ئاندىن بىسمىللا دەيدۇ ۋە ئىككى قولىنى يۇيىدۇ.




2 ئوڭ قولىغا سۇ ئېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئېغىزنى چايقايدۇ،ئاندىن سۇنى ئېغىزدىن چىقىرىدۇ. ئاندىن بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تازىلايدۇ، ئاندىن بۇرنىدىن سۇنى چىقىرىدۇ، سول قولىنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن باش بارمىقىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە قويىدۇ.




3 ئاندىن يۈزىنى توغۇرلۇقتا بېشىدىن چاچ ئۆنگەندىن ئورۇندىن باشلاپ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغىچە، توغۇرلۇقتا ئىككى قۇلىقىنىڭ يۇمشىقىنىڭ ئارىسىنى يۇيىدۇ.




4 ئاندىن قولىنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئەتراپىدىن باشلاپ ئىككى جەينىكىنى قېتىپ يۇيىدۇ، دەسلەپتە ئوڭ قولىنى ئاندىن سول قولىنى يۇيىدۇ.




5 بېشىنىڭ چېچىنىڭ ھەممىسىگە مەسھە قىلىدۇ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىدىن باشلاپ گەردىنىگىچە ئاپىرىدۇ ئاندىن ئىككى قولىنى يەنە بېشىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قايتۇرىدۇ.



6 ئىككى كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئىككى قۇلىقىنىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزىدۇ، ئىككى باش بارمىقى بىلەن ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارقىسىنى سىلايدۇ.



7 ئاندىن ئىككى پۇتىنى ئىككى موشۇقى بىلەن قېتىپ يۇيىدۇ.



8 **تەرەتتە ئالغاندا يۇيۇش بەلگىلەنگەن ئورۇنلاردىن ئاشۇرۇپ يۇسا بولامدۇ؟**

تەرەت ئالغاندا يۇيۇش بەلگىلەنگەن ئورۇندىن ئاشۇرۇپ يۇيۇش توغرا بولمايدۇ، مەسىلەن: ئۈچ قېتىم يۇيىدىغان ئورۇننى ئۇنىڭدىن كۆپرەك يۇيۇش، ياكى ئىككى جەينىكىگە ئىككى بىلىكىنى قېتىپ يۇيۇش ياكى ئىككى موشۇقىنىڭ ئۈستىدىن پاچىقىنىمۇ قېتىپ يۇيۇش ياكى گەردىنىگە مەسھە قىلىشقا ئوخشاش.



9 **تەرەت ئېلىپ بولغاندىن كېيىن :**

ئالالاھدىن باشقا ئىبادەتكە لايىق ھېچ مەبۇد يوق، ئالالاھ يالغۇز ئۇنىڭ شېرىكى يوق دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئالالاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەن مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيدۇ، تىرمىزىنىڭ رىۋايىتىدە:«ئى ئالالاھ! مېنى تەۋبىسى قوبۇل بولغۇچى ۋە پاك بولغۇچىلاردىن قىلسىلا» دەپ كەلگەن.

10 **- تەرەتنى بۇزۇۋېتىدىغان نەرسىلەر توغرىسىدا :**

1- ئىنسانىنىڭ ئالدى ۋە كەينى تەرىپىدىن چىققان چوڭ تەرەت، كىچىك تەرەت ۋە يەل قاتارلىقلار.
2-ئۇخلاش ۋە موشىدىن كېتىش بىلەن ئەقلىنى يوقۇتۇش.
3- تۆگە گۆشى يېيىش.(ھەنبەلى مەزھەپتە).

## تەيەممۇمنىڭ سۈپىتى.


1 **تەيەممۇم دېگەن:**

تەرەتتە يۇيىدىغان ئەزالىرىغا سۇ ئىشلىتىش ئۆززۈرلۈك بولسا ياكى بەزى ئەزالىرىنى يۇغىلى سۇ يەتمىسە ياكى سۇ ئىشلىتىش بىلەن زەرەر يېتىپ قىلىشتىن ئەنسىرىسە، ئۇۋاقىتتا پاك تۇپراق بىلەن تەيەممۇم قىلىش تەرەتنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

2 قولىنى تۇپىغا ئۇرغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىش كېرەك بولمايدۇ ۋە ئىككى ئالقىنىنى سىلىغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى سىلاش كېرەك بولمايدۇ.




3 قولىنى تۇپىغا ئۇرغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى ئېچىش كېرەك بولمايدۇۋە ئىككى ئالقىنىنى سىلىغاندا بارماقلىرىنىڭ ئارىسىنى سىلاش كېرەك بولمايدۇ.



## پەرھىز بولغان يۇيۇنۇشنىڭ سۈپىتى.

1 دىلى بىلەن يۇيۇنۇشنى مەقسەت قىلىدۇ ۋە ئىچىدە بىسمىللا دەيدۇ، ئېغىزنى چايقاپ ۋە بۇرنىغا سۇ ئېلىپ بۇرنىنى تازىلايدۇ، ئاندىن بەدىنىنىڭ ھەممە يېرىنى چېچى ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن چېچىنىڭ ئاستىنى سۇ بىلەن يۇيىدۇ.

2 **- يۇيۇنۇش پەرھىز بولىدىغان ئىشلار.**

1-جۇنابەت، بۇ جىنسى مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق مەنى ئىسپېرما چىقىش، ئىككى جىنسى ئەزانىڭ بىر-بىرىگە ئۇچرىشىشى ۋە باشقا يوللار بىلەن بولىدۇ.
2- ئاياللاردىن ھەيز ۋە نىپاس توختاپ قان ئۆزۈلگەندە يۇيۇش پەرھىز بولىدۇ. 3- شېھىت بولغانلاردىن باشقا ئۆلۈكلەرنى يۇيۇش. 4- كاپىر مۇسۇلمان بولغاندا يۇيۇنۇش كېرەك بولىدۇ.

تەييارلىغۇچى: د. مەيسەم سەرمان، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەسچىتىدە ئوقۇتقۇچى ۋە "سۈننەت ئىنستىتۇتىنىڭ"
نازارەتچىسى : mahadsunnah.com »